## 109208 ـ يېڭىدىن مۇسۇلمان بولغان كىشىنىڭ ئىسمىنى ئۆزگەرتىشى زۆرۈر بولامدۇ؟

**سۇئال**

يېڭىدىن مۇسۇلمان بولغان كىشى ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى ئىسمىنى ئۆزگەرتىپ يېڭىدىن ئىسلامى بىر ئىسىم قويۇشى كېرەك بولامدۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

**تەپسىلى جاۋاپ**

يېڭىدىن مۇسۇلمان بولغان كىشىنىڭ بۇرۇنقى ئىسمىنى ئۆزگەرتىشى كېرەك بولمايدۇ، ئەمما بۇرۇنقى ئىسمى ياكى ئۇ ئىسمىنىڭ مەنىسى شەرىئەتكە زىت بولسا، ئۇ ۋاقىتتا بۇ ئىسمىنى ئۆزگەرتىش كېرەك بولىدۇ، شۇنىڭدەك پەقەت كاپىرلارغا خاس بولغان، باشقا مىللەتلەر قوللانمايدىغان ئىسىم بولسىمۇ، كاپىرلارغا ئوخشاپ قالماسلىقى، مۇسۇلمان بولغان بولسىمۇ، ئىسمىگە كۆرە، كىشىنىڭ بۇ مۇسۇلمان بولماپتۇ دەيدىغان قاراشلىرىدىن يىراق بولۇش ئۈچۈن ئۇنى ئۆزگەرتىش كېرەك بولىدۇ.

شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن رەھىمەھۇللاھنىڭ: ئىسلام مەركەزلىرىدىن كەلگەن سوئاللارغا جاۋاپ ناملىق ماقالىسى 1-توم 4-بەت.